14 ـ قىسىم

# ئەرەپلەر

# ئىسلام دىنىدا

## ئىسمائىل ئەرەپلەرنىڭ ئەجدادىمۇ؟

• ئىبراھىم پەيغەمبەر ئايالى سارە بىلەن بالىلىق بولالمىغىنى ئۈچۈن، سارەنىڭ دېدىكى ھەجەرنى توقاللىققا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىسمائىل دىگەن بىر ئوغۇلنى تاپىدۇ. مۇسۇلمانلار ئەنە شۇ ئىسمائىلنى ئەرەپلەرنىڭ ئەجدادى دەپ بىلىدۇ.

• بىراق بۇ خىل قاراش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يازغان تارىخى خاتىرىلىرىگە زىت كىلىدۇ.

○ ئەڭ بۇرۇنقى ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىبىن ئىسھاق يازغان مۇھەممەتنىڭ تەرجىمھالىدا، ئىسمائىلنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە ئەرەپلەرنىڭ بارلىقى خاتىرلەنگەن. كىتاپنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە، ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ ئوغلى، ئىبراھىم ئازارنىڭ ئوغلى، ئازارنىڭ ئەجدادى بولسا نوھتۇر ـ دىيىلگەن. تۆتىنچە بېتىدە، نوھنىڭ ئەجدادى ئەرەپلەردۇر ـ دىيىلگەن. دىمەك، ئىسمائىل ئەرەپلەرنىڭ ئەجدادى ئەمەس، بەلكى ئەرەپلەر ئىسمائىلنىڭ ئەجدادىدۇر.

○ ئەرەپ تىلى ئىسمائىلنىڭ ئانا تىلى ئەمەس. بۇخارى ھەدىسلىرى 4:55:583 دا خاتىرلىنىشىچە، ئىسمائىل مەككىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كيىن، ئۇ يەردىكى جۇرھۇم دىگەن بىر جەمەتتىن ئەرەپ تېلىنى ئۆگىنىدۇ. دىمەك، ئەرەپ تىلى ۋە ئەرەپلەر ئىسمائىلدىن بۇرۇنلا مەۋجۇد ئىدى.

• مۇسۇلمانلارنىڭ يازغان تارىخىغا ئاساسلانغاندا ئىسمائىل ئەملىيەتتە ئەرەپلەرنىڭ ئارىسىغا كۆچۈپ بارغان بىر كۆچمەندۇر.

• شۇڭا، بارلىق ئەرەپلەرنى ئىسمائىلنىڭ ياكى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى دىيىشكە بولمايدۇ.

## ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى

• تەۋراتتا مۇنداق خاتىرلەنگەن.

سارەنىڭ دېدىكى مىسىرلىق ھەجەر ئىبراھىمغا تۇغۇپ بەرگەن ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە: نىبايوت، كەدار، ئادبەئەل، مىبسام، مىشما، دۇماخ، ماسسا، خاداد، تەما، يەتۇر، نافىش ۋە قەدەما. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 25:13 ـ 15)

● مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخى كىتاپلىرىدا يېزىلغان ئىسملار تەۋراتتىكىسى بىلەن ئوخشايدۇ.

| No | تەۋراتتا | ئىبن ھاشىمنىڭ تەرجىمالىدا | ئەرەپچە ئىسملار |
|---|---|---|---|
| 1 | نىبايوت | نابىت | نابات، نابايىاس |
| 2 | كەدار | قەيدار | قەيدەر |
| 3 | ئادبەئەل | ئادبال | |
| 4 | مىبسام | مابشا | |
| 5 | مىشما | مىسما | |
| 6 | دۇما | دىما | دۇماتۇل جاندال |
| 7 | ماسسا | ماشى | |
| 8 | خاداد | ئادىر | |
| 9 | تەما | تايما | تېيماخ |
| 10 | يەتۇر | ياتۇر | يادۇر |
| 11 | نافش | نابىش | |
| 12 | قەدەما | قايدۇما | |

## قۇرئاندىكى ئەرەپلەر توغرىلىق خاتىرلەر

● كۆچمەن ئەرەپلەر (بەدۋىلەر) ئىچىدىن بەزىلەر كېلىپ سەندىن روخسەت سورايدۇ (جەڭگە چىقماسلىق ئۈچۈن). ئاللاغا ۋە پەيغەمبەرگە يالغان گەپ قىلغانلار كەينىدە قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلار ئازاپلىق جازاغا ئۇچرايدۇ. (قۇرئان 9:90)

● كۆچمەن ئەرەپلەر ئىسلامغا تېخىمۇ ئىشەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىقاتى ساختىدۇر. ئاللانىڭ مۇھەممەتكە چۈشۈرگەن نىزاملىرىنى ئۇلارنىڭ چۈشىنەلىشى تېخىمۇ تەس. (قۇرئان 9:97)

● مەدىنەلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كۆچمەن ئەرەپلەر، مۇھەممەتكە ئەگىشىپ جەڭگە چىقماي، ئارقا سەپتە قېپقالسا بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭلا تىنچ ئامانلىقىنى ئويلاپ، مۇھەممەتنىڭ قېيىنچىلىقلىرىنى بىرگە تارتىشىپ بەرمىسە بولمايدۇ.

(قۇرئان 9:120)

• ئۇلار خىيالىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە تېخى چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ، ئەگەر ئىتتىپاقداش ئارمىيە قايتىدىن باستۇرۇپ كەلسە، ئۇلار ئۆزلىرىنى قۇملۇقتىكى كۆچمەن ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. (قۇرئان 33:20)

• كەينىدە قېپقالغان كۆچمەن ئەرەبلەر «بىز ئائىلىمىزدىكىلەرنى ۋە مال-بىساتىمىزنى قوغدىمىساق بولمايدۇ، شۇڭا بىزنىڭ گۇناھىمىزنى كەچۈرۈشنى تىلىگىن» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى چىن كۆڭلىدىن چىققان ئەمەس. (قۇرئان 48:11)

• ئاللا ۋەھى قىلىپ، مۇھەممەتنى كەينىدە قېپقالغان كۆچمەن ئەرەبلەرگە مۇنداق دېگۈزىدۇ: «سىلەر بىر كۈچلۈك خەلققە ھوجۇم قىلىشقا چاقىرىلىسىلەر. تاكى ئۇلار تەسلىم بولغۇچە ئۇرۇشىسىلەر. ئەگەر سىلەر بويرۇققا بويسۇنساڭلار، ئاللا سىلەرگە گۈزەل ئىلتىپاتلارنى بېرىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇرۇنقىدەك ئۆزۈڭلارنى جەڭدىن قاچۇرساڭلار، ئۇ سىلەرنى ئازاپلىق جازاغا دۇچار قىلىدۇ.» (قۇرئان 48:16)

• كۆچمەن ئەرەبلەر «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان. گەرچە ئۇلار بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمان ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىرمىگەن. (قۇرئان 49:14)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا

• مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن، سام تىل سىستېمىسىغا تەۋە نۇرغۇن قەبىلىلەر ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى يەمەن قاتارلىق جايلارغىچە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. كېيىن ئۇ يەردە خازارماۋىت (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 10:26) قاتارلىق دۆلەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

• تەۋرات ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 10-بابتا، جەنۇبى ئەرەبىستاندىكى نۇرغۇن خەلقلەرنى كۇش (10:6) ۋە يوقتاننىڭ (10:25) ئەۋلادلىرى دەيدۇ.

• شىمالى ئەرەبىستاندىكى بىر قىسىم قەبىلىلەر، ئىبراھىمنىڭ ھەجەر ۋە كەتۇراھ دىگەن ئىككى توقلىدىن تاپقان باللىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 25:1-18)

• ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئاساۋنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ نۇرغۇن قەبىلىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ،

ئەرەبستاننىڭ غەربى شىمالى رايونىغا كەڭ تارقالغان. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 36)

• ياقۇپنىڭ دەۋرىدە، مىدىيانىدا ئىسمائىللارنىڭ سودا كارۋانلىرى بار ئىدى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 36،37:25)

• سولايمان پادىشاھ دەۋرىدىكى ئىسرائىلىيە بىلەن باشقا خەلقلەر ئوتتورىسىدا قويۇق سودا مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇ قىزىل دېڭىز بويىدىكى پورت ئىزيون گېبىردا كېمىلەرنى ياساتتى، سودا قىلاتتى. (پادىشاھلار I 27،9:26)

• جەنۇبى ئەرەبىستاندىكى شىبا دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھى سولايمان بىلەن كۆرۈشكىلى كىلىدۇ. (پادىشاھلار I 13 ـ 10:1)

• ئەرەپلەرنىڭ شاھلىرى سولايمانغا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېلىپ كىلەتتى. (تارىخنامەII 9:14 ، پادىشاھلار I 15 :10)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 9 ـ ئەسىردە، يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھى يەھۇشافا ئەرەپلەر سوۋغا قىلغان 7700 قوشقار ۋە 7700 تېكەنى قوبۇل قىلىدۇ. (تارىخنامەII 11 :17)

• فىلىستىنلەر ۋە كۇشقا يېقىن جايدىكى ئەرەپلەر يەھۇدىيە پادىشاھى يەھۇرامغا ھوجۇم قىلىدۇ. ئۇلار يەھۇدىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ، چېگرا ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئوردىدىكى بارلىق مال ـ دۇنيانى ۋە يەھۇرامنىڭ خوتۇنى، بالىلىرى ھەممىسىنى بولاپ كىتىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى يەخۇئازلا قېپقالىدۇ. (تارىخنامەII 21:16،17)

• يېرۇسالىم ئاھالىسى يەھۇرامنىڭ كىچىك ئوغلى يەخۇئازنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەيدۇ. چۈنكى ئەرەپلەرگە ئەگىشىپ كىلىپ ئوردىغا ھوجۇم قىلغان ئەسكەرلەر يەھۇرامنىڭ بارلىق چوڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. (تارىخنامەII 22:1)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىردىكى خېزېكىياھ پادىشاھنىڭ دەۋرىدە، ئىسرائىللار ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن ئەرەپلەردىن خەۋەردار ئىدى. (يەشايا 13:20 ، 21:13)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردىكى يوسىئاھ پادىشاھنىڭ دەۋرىدە، ئەرەپلەر دەشت ـ باياۋانلاردا يۈرەتتى. (يەرەمىيا 3:2)

• يەھۇدا دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىرلەردە)، ئەرەپلەر سودا قىلىش جەھەتتە خېلى كۆزگە كۆرۈنىدۇ. (يەرەمىيا 25:23،24 ، ئىزەكىئال 27)

• ملادىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردە، نەھەمىيا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن يېرۇسالېمنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقماقچى بولغاندا، ئەرەپلەردىن بولغان گەشەم ئۇنى توسماقچى بولىدۇ. (نەھەمىيا 2:19 ، 6:1)

• پاۋلۇس مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەبىستانغا بارىدۇ. (گالاتىيالىقلار 1:17)

• ھەجەر ئەرەبىستاندىكى سىناي تېغىغا سىمووۋۇل قىلىنغان. (گالاتىيالىقلار 4:25)

بۇ سىناي يېرىم ئارىلى ئاقابا دېڭىز قولتۇقىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.